شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 9 - ئاي
23
چارشەنبە
维吾尔文 9 月23日

新疆日报 شينجياڭ گازەتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25193 - سان بۈگۈن 8 بەت

شى جىنپىڭ 75 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ ئادەتتىكى مۇنازىرىسىدە مۇھىم سۆز قىلدى

تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى ۋە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، كۆپ تەرەپچىللىك يولدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى، جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاشقا ئائىت مۇھىم، زور تەدبىرلىرىنى جاكارلىدى



9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 75 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ ئادەتتىكى مۇنازىرىسىدە مۇھىم سۆز قىلدى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 75 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ ئادەتتىكى مۇنازىرىسىدە مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىنتىپاقلىقنى كۈچەيتىشى، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇشى كېرەك. تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى ۋە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىغان تەرەققىيات يولى ۋە ئەندىزىسىگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى بەرپا قىلىپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ «يېشىل ئەسلىگە كېلىشى»گە تۈرتكە بولۇپ، كۆپ تەرەپچىللىك يولدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو تىنچ تەرەققىي قىلىش، ئوچۇق تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، داۋاملىق دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەر شارىۋى تەرەققىياتنىڭ تۆھپىكارى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك

ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ليۇ ۋېيبىڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭدا مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە ۋە دۆلەت مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ توغرىسىدا بىريۈرۈش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەمەلىيەلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالىدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، سەھىيە، ساغلاملىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تۈرلۈك جەمئىيەت ئىشلىرىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىشقا تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا، بېيجىڭ سىفەن داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېڭ جيەنپىڭ، بېيجىڭ داشۆنىڭ مەكتەپ مۇدىرى خاۋ پىڭ، تيەنجىن داشۆ فېڭ جىسەي ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى فېڭ جىسەي، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى چېن شىڭسەن، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو دراماتورگلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تيەنجىن ياشلار جىڭجۇ تىياتىرى ئۆمىكى سەنئەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مېڭ گۇاڭلۇ، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شاڭخەي دراما سەنئىتى مەركىزىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئارتىسى شى مېيجۈەن، جۇڭگو گۈزەل - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

---

10 - تۈركۈمدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى قارشى ئېلىش يىغىنى ھەم تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

چېن چۈەنگو، لى شياۋشىن سۆز قىلدى

شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى لى جۇڭ رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 10 - تۈركۈمدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى قارشى ئېلىش يىغىنى ھەم تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - جېڭۋېي چېن چۈەنگو، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە كادىرلار 1 - ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لى شياۋشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، لى يىفېي، جاڭ چۈنلىن، ياڭ يۇڭ، ليۇ جيەنمىڭ يىغىنغا قاتناشتى. ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لى جۇڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا ۋاكالىتەن 10 - تۈركۈمدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، قوللىغانلىقى ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

تيانشاننىڭ جەنۇبى-شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

بىڭتۇەن تەرەققىياتىنىڭ يېڭى كۈيىنى ياڭراتتى

—— يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان (9)

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن

باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىڭتۇەننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەرگىز ۋاقىتلىق تەدبىر بولماستىن، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار پىلان. يېڭى ۋەزىيەتتە بىڭتۇەن خىزمىتىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرانى مۇداپىئە قىلىش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان بىڭتۇەننى تەشكىللەپ قۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى، چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىرى. يېڭى مەزگىلدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىڭتۇەندىن چېگرا رايوننى ئەمىن تاپقۇزۇش، مۇستەھكەملەشتىكى مۇقىملاشتۇرغۇچ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇشتىكى چوڭ پېچ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بولۇشتىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ ئىقتىدارى»نى ياخشى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، بىڭتۇەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە قىلدى. بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتى شۇنىڭدىن باشلاپ يېڭى دەۋرگە كىردى.

2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، بىڭتۇەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ ئورنىنى بەلگىلەش تەلەپىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇداپىئە قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى تاۋلاپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

كالا بېقىش مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون يۈەندىن ئاشتى

توپا ئېرىق كەنتىنىڭ ئىشلىرى روناق تاپتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش. قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

[تەھرىر ئىزاھاتى]

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىرمەيدان قاتتىق جەڭ، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشى بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدىكى قاتتىق جەڭ. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش. قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش» يۈرۈشلۈك خەۋەرلىرى بېرىلىپ، مۇخبىرلارنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەگە چوڭقۇر چۆكۈپ يازغان تەسىرلىك خەۋەرلىرى ئارقىلىق، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ چىشنى چىڭ چىشلەپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىش غەيرىتى ۋە مەسئۇلىيىتى ھەممە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئىزدەنگەن ئۈنۈملۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىنى ئۇرغۇتۇپ، كۈچنى مۇجەسسەملىگەنلىكى ھەققىي ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، ليۇ يى، زوۋ يى، جۇڭ جاۋفېڭ

قوتانلارنى تازىلاش، ئوت - چۆپ توغراش، يەم - خەشەك تەييارلاش... 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، 63 ياشلىق تۇردىنىياز زاكىر سەھەردىن باشلاپلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قوتاندا 35 تۇياق تېمەن، سېمىز سىمېنتال كالىسى بەخىرامان، ئەركىن يۈرەتتى. بۇ كالىلار تۇردىنىيازنىڭ ئەتىۋارلىق گۆھەرلىرى. «سىمېنتال كالىسىنىڭ نەسلى ئېسىل بولۇپ، موزايدىن چوڭ بولۇپ قوتاندىن چىقىشقىچە پەقەت ئون ئايلا ۋاقىت كېتىدۇ، بىر كالىنى 16 مىڭ يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ. بۇلتۇر، مەن كالىلىرىمنى 120 مىڭ يۈەنگە ساتتىم.» گەپ ئارىلىقىدا، تۇردىنىياز بارماقلىرىنى چىقىرىپ ھېسابلاپ بەردى، ئۇنىڭ خۇشاللىقى سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھازىر قوتاندىكى 35 كالىنىڭ قىممىتىنىڭ 500 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ ھېسابلاپ چىقتى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلار بولغان بولسا، ئۇ بۇلارنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

تۇردىنىياز چىرا ناھىيەسى چىرا يېزىسى توپا ئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى. 2014 - يىلى، ئۇ ۋە كەنتتىكى باشقا 272 ئائىلىدىكى 1099 ئادەم ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە قاتارىغا ئايرىلدى. توپا ئېرىق كەنتى قۇملۇققا يېقىن،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)